2020 - يىل 11 - ئاي
4
چارشەنبە
维吾尔文 11 月4日

# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65−0002/−W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25235 - سان بۈگۈن 4 بەت

## شى جىنپىڭ: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى» توغرىسىدا چۈشەندۈرۈش

» 2 - بەتتە

## شى جىنپىڭ 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سىن ئارقىلىق ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلەيدۇ

### مەركىزىي رادىيو - تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى نەق مەيداندىن بىۋاستە تارقىتىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى** 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى ۋە خۇڭچياۋ خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ سىن ئارقىلىق ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلەيدۇ.

شۇ چاغدا، مەركىزىي رادىيو - تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى نەق مەيداندىن بىۋاستە تارقىتىدۇ، ھەرقايسى ئاخبارات تور بېكەتلىرى، يېڭى تاراتقۇ سۇپىلىرى ماس قەدەمدە ئۇلاپ تارقىتىدۇ.

## كۆڭلى - كۆكسى دېڭىزدەك كەڭ بولۇپ، يەلكەنني ئورتاق چىقىرىش

### ـــــ پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى

### پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگونىڭ يۇقىرى سەۋىيەدە سىرتقا ئېچىۋېتىشكە يېتەكچىلىك قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى**

جۇڭگو شاڭخەي، پۇجياڭ دەرياسىدا دولقۇنلار مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى، 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى.

بۇ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن يەر شارىدا يامرىغان، دۇنيا ئىقتىسادى سىجىل پەسكويغا چۈشكەن ئارقا كۆرۈنۈشتە، جۇڭگو تەمىنلىگەن مۇھىم خەلقئارا ئالماشتۇرۇش سۇپىسى، جۇڭگونىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشنى سىجىل كېڭەيتىشتىكى ئەمەلىي، كۈچلۈك تەدبىرى.

«جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىسى تاقىلىپ قالمايدۇ، پەقەت بارغانسېرى كەڭ ئېچىۋېتىلىدۇ.» پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى پۈتۈن دۇنياغا شۇنداق تەنتەنىلىك جاكارلىدىكى، جۇڭگو تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق ئوچۇق ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىش يېڭى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەتنى تولۇق ئىگىلەپ، تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشنى قوغداپ ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇپ، ئوچۇق تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىشتە يېڭى مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭگو بىلەن دۇنيانىڭ يۈغۇرما تەرەققىياتىنىڭ يېڭى مىلودىيەسىنى ياڭراتتى.

### «جۇڭگو قەتئىي تەۋرەنمەي سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىدۇ»

### ـــ ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىش يېڭى ئەندىزىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە سىرتقا ئېچىۋېتىش يېڭى مەنزىلىگە قاراپ ئاتلىنىش

ئالدىنقى ئىككى نۆۋەتلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە، ئىشقا ئاشۇرۇلغان مۇددەتلىك پۈتۈشۈش سوممىسى 120 مىليارد دوللاردىن ئاشتى. 3 - نۆۋەتلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە، كارخانىلار سودا كۆرگەزمىسىنىڭ كۆرگەزمە كۆلىمى ئالدىنقى نۆۋەتتىكىلەردىن ئېشىپ كەتتى، كۆرگەزمىگە قاتناشقان دۇنيادىكى 500 كۈچلۈك كارخانىنىڭ سانى ئالدىنقى نۆۋەتلەردىكى كۆلەمگە يەتتى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى پىلانلىغان ئىمپورت كۆرگەزمىسى دۇنيادىكى ئىمپورت باش تېما قىلىنغان دۆلەت دەرىجىلىك تۇنجى كۆرگەزمە، جۇڭگونىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن دۇنياغا بازارنى ئېچىۋېتىشىدىكى مۇھىم، زور تەدبىرى بولۇپ، جۇڭگونىڭ كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوللاپ، ئەركىن سودىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشىدىكى ئىزچىل مەيدانىنى گەۋدىلەندۈردى.

«جۇڭگونىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولۇش قەدىمى توختاپ قالمايدۇ!» تۇنجى نۆۋەتلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگونىڭ قەتئىي تەۋرەنمەي سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى بىلدۈرگەنىدى.

پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، جۇڭگونىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك يۇقىرى سەۋىيەدە سىرتقا ئېچىۋېتىشتە سۈرئەت تېزلىشىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى مەنزىرىسى ئېچىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## دىققەتنى يېڭى بۇرچقا مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى مەسئۇلىيەتچانلىقنى نامايان قىلىمىز

### ـــــ ئاپتونوم رايونىمىز خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى قىزغىن مۇھاكىمە قىلدى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يۈنپىي، لياڭ لىخۇا، جېڭ جو**

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا ۋەزىيەت ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلىنىپ پىلانلانغان ئۇلۇغۋار پىلان كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سېلىپ، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەپ، ئاپتونوم رايونىمىز خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك بەس - بەستە مۇنداق بىلدۈردى: ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، دىققەتنى يېڭى بۇرچقا مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى مەسئۇلىيەتچانلىقنى نامايان قىلىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)




5G تورىنى تېز قۇرۇش

11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، جۇڭگو تېلېگرافى پاي چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتى يەنئەن يولى شۆبە ئىدارىسىنىڭ تېخنىكلىرى 5G ئاساسىي پونكىتىنى سىناقتا. بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز 5G تورى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 5G ئاساسىي پونكىتىدىن 5265نى قۇرۇپ چىقتى. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چىن مىيخۇا فوتوسى

### شىنخۇا ئاگېنتلىقى بېرىلگەن ھوقۇققا ئاساسەن

## «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى»نى ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** شىنخۇا ئاگېنتلىقى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى بېرىلگەن ھوقۇققا ئاساسەن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى»نى ئېلان قىلدى. 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى يېپىلغان پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا بۇ «تەكلىپ» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

«تەكلىپ»تە پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قارىتا قىلىنغان ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، كەلگۈسى بىر مەزگىلدىكى دۆلەت ئىچى - سىرتىنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات شارائىتى ئۇنىۋېرسال ئويلىشىلىپ، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەت چىڭ تۇتۇلۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا سىستېمىلىق پىلان تۈزۈلدى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. «تەكلىپ»تە شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە 2035 - يىلغا بارغاندا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش كەلگۈسى نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«تەكلىپ» 15 قىسىمدىن تەركىب تاپقان، ئۈچ چوڭ بۆلەككە بۆلۈنگەن.

بىرىنچى بۆلەك ئومۇمىي بايان بولۇپ، 1 -، 2 - قىسىمدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاساسلىقى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات مۇھىتى دۇچ كەلگەن چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش، 2035 - يىلغا بارغاندا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش كەلگۈسى نىشانى، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، جەزمەن ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپ ۋە ئاساسلىق نىشان بايان قىلىنغان.

2035 - يىلغا بارغاندا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش كەلگۈسى نىشانى: پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قارىتا ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئالغا سىلجىتىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىندى، يەنى 2035 - يىلغا بارغاندا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا دۆلىتىمىزنى باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي، ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش. 2035 - يىلغا نەزەر سالغاندا، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچ، پەن - تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى زور دەرىجىدە يۇكسەلدۈرۈپ، ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى ۋە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشى كىرىمىنى يەنە يېڭى زور پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا مۇھىم، زور بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىشچان دۆلەتلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا كىرىدۇ؛ يېڭىچە سانائەتلەشتۈرۈش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش، شەھەر - بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇپ، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرۇپ چىقىدۇ؛ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ باراۋەر قاتنىشىش، باراۋەر تەرەققىي قىلىش ھوقۇقىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈپ، قانۇنچىل دۆلەت، قانۇنچىل ھۆكۈمەت، قانۇنچىل جەمئىيەتنى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىدۇ؛ مەدەنىيەت كۈچلۈك دۆلىتى، مائارىپ كۈچلۈك دۆلىتى، ئىختىساسلىقلار كۈچلۈك دۆلىتى، تەنتەربىيە كۈچلۈك دۆلىتى، ساغلام جۇڭگو قۇرۇپ چىقىپ، خەلقنىڭ ساپاسى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى يېڭى يۇكسەكلىككە يەتكۈزۈپ، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت يۇمشاق ئەمەلىي كۈچىنى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىدۇ؛ يېشىل ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلىنى كەڭ تۈردە شەكىللەندۈرۈپ، كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكەندىن كېيىن مۇقىم ئاساستا تۆۋەنلىتىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تۈپتىن ياخشىلاپ، گۈزەل جۇڭگو قۇرۇلۇشى نىشانىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرىدۇ؛ سىرتقا ئېچىۋېتىش يېڭى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە رىقابەتكە قاتنىشىش يېڭى ئەۋزەللىكىنى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىدۇ؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى ئوتتۇراھال تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈپ، ئوتتۇراھال كىرىملىكلەر توپىنى كۆرۈنەرلىك كېڭەيتىپ، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەتنى باراۋەرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شەھەر، يېزىلارنىڭ رايون تەرەققىياتى پەرقى ۋە ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى پەرقىنى كۆرۈنەرلىك كىچىكلىتىدۇ؛ تىنچ - ئامان جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكۈزۈپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرىدۇ؛ خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشى، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىدا تېخىمۇ روشەن ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

«14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، جەمئىيەت قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەممەيلەن بەھرىمەن بولىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ، تەرەققىيات بىلەن خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ تىنچ، ئىناق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىش.

«14 - بەش يىل» مەزگىلىدە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا جەزمەن ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپ:

— پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش.

— خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش.

— يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش.

— ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش.

— سىستېما قارىشىدا چىڭ تۇرۇش.

«14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي نىشانى. 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان كۆزلىنىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ شارائىتى ئۇنىۋېرسال ئويلىشىلىپ، نىشان يۆنىلىشى بىلەن مەسىلە يۆنىلىشىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا تۆۋەندىكى ئاساسىي نىشانلار تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)